□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# پومپېئونىڭ «باياناتى» بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز

□ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى مەمەت ساۋۇت

يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن پومپېئو ئاتالمىش «بايانات» ئېلان قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا يەنە بىر قېتىم تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپال ئارىلاشقانلىق، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتۇر، پومپېئونىڭ «باياناتى» بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا قاتناشقۇچى ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پومپېئونىڭ «باياناتى»غا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

مىڭ ئېغىز يالغان ـ ياۋىداق سۆز بىر پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، تەرەققىيات سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىدى، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللەندى، دىنلار ئىناق، رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق زىچ ئىتتىپاقلاشتى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى، ئاشلىق، پاختا، مېۋە ـ چېۋە، چارۋا، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت «بەش چوڭ بازا» قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، ئېنېرگىيە خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ـ مېتاللورگىيە، جابدۇق ياسىمىچىلىقى، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەردىن ئىبارەت «ئالتە چوڭ كەسىپ» توپى تەرەققىي قىلىپ، ئەلالاشتۇرۇلۇپ، دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ساياھەتچىلىك باشلامچى قىلىنغان زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادەتتە سىجىل ئاشتى، ۋىلايەت شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى، ناھىيە تەۋەسىنى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېزا ـ كەنت ئىككى دەرىجىلىك دوختۇرخانا (داۋالاش ئۆيى)نىڭ ئۆلچەملىشىش نىسبىتى 100%كە يەتتى، ئومۇمىي خەلق ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولدى، ياشانغانلار، يېتىم باللار، مېيىپلەر قاتارلىق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەر مىللەت خەلق ئالغا ئىنتىلىش ئۈستىدە ئويلىنىپ، بېيىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدى.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ شىنجاڭدىن «قوسۇر تاپتى»، شىنجاڭغا «قالپاق كىيدۈردى»، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇشنى ئويلايدۇ. پومپېئودەك غالجىرلاشقان چۆپرەندىلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان ۋە تارقاتقان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر كۆپ قېتىم پاكىت تەرىپىدىن ئېچىپ تاشلاندى، ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشى تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ!

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا سەممىي غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بۇ، پۈتۈن دۇنياغا ئايان، ھەرقانداق تۆھمەت، ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋا، ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى گۈزەل شىنجاڭنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ.

# پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى قۇياش نۇرىدەك يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد بېغىشلىدى

□ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قۇربانجان قۇتلۇق

پومپېئو ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە قەستەن قارا چاپلىدى. بۇنى مەن قاتتىق ئەيىبلەيمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

پارتىيەنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كۆپ ئىش ئورنىدا چېنىقتىم. تولى ناھىيەسى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مالىيە سىستېمىسىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، مەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تولى ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي خامچوت بوغالتىرى، ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى يېزا ئىگىلىك مالىيە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولدۇم، گەرچە ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كۈچى ئىنتايىن جىددىي بولسىمۇ، لېكىن ھەر يىللىق چىقىمنىڭ كۆپ قىسمى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان زور بىر تۈركۈم خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرى يولغا قويۇلدى، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى سادىسىزلىغان ئاممىغا «بەخت ئىشىكى» ئېچىپ بەردى. دۆربىلجىن ناھىيەسى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، مەن بارلىق مەمۇرىي كەنت ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى ئايلىنىپ چىقتىم، پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ نۇرىدا ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى، ھەر مىللەت ئامما ئۆزئارا ياردەم بېرىپ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈپ، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. بايىنغولىن ئوبلاستىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، مەن كورلا توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك شەھەرچىسى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا قاتناشتىم، زور بىر تۈركۈم كارخانىلار كىرگۈزۈلۈپ، يەرلىكتىكى نۇرغۇن ئامما مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، بەزى ناھىيە ـ شەھەرلەر يەنە زاۋۇتلارنى كەنتلەردە قۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا قولايلىق ياراتتى. بولۇپمۇ خەلق ئىشلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق، مەن قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولدۇم، دۆلەت تۈزۈم قاتلىمىدىن كاپالەتلەندۈرۈپلا قالماي، مەبلەغ سېلىنمىسىنى يىلدىن ـ يىلغا زورايتتى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شەھەرلەرنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 344 يۈەندىن 503 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2421 يۈەندىن 4294 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، «كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ يېزىلاردا ياشانغانلار كۆتۈنۈش ئورنىدىن 16سى يېڭىدىن سېلىنىپ، كېڭەيتىپ سېلىنىپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان بېقىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى؛ شەھەر ـ يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش دائىملىق قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىغا جەمئىي 90 مىڭ ئادەم قېتىم نەپ يەتكۈزۈلدى؛ 80 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلارغا چوڭ ياشلىقلار ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلىپ، ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈش يولغا قويۇلدى؛ باللار پاراۋانلىق ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، باللارنى كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى؛ «ئەتە پىلانى» «شەرەپلىك ئەتە» «نامرات ئائىلىلەردىكى چوقۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولغان باللار»نى داۋالاش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈرى يولغا قويۇلۇپ، 600دىن ئارتۇق يېتىم، مېيىپ بالا ۋە نامرات ئائىلىلەردىكى باللار قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ئېرىشتى؛ 90 مىڭدىن ئارتۇق مېيىپ ئامما قىيىنچىلىقى بار مېيىپلەرگە بېرىلىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلى ۋە ئېغىر مېيىپلەرنى پەرۋىش قىلىش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن قىلىندى.

پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى قۇياش نۇرىدەك ھەر مىللەت ئاممىغا يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە كۈچ بېغىشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، تەرەققىياتنى كۆزلەش ئىستىكىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما چىن قەلبىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. يېقىنقى يىللاردا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ ھەممە كىشىگە ئايان. پومپېئو تارقاتقان ھەر خىل يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ۋە زەھەر مۇقەررەر ھالدا ئۆزى بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

# جاھان قانچە چوڭ بولسىمۇ پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە يەتمەيدۇ

□ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ ئەنۋەر مەتنىياز

پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسەتۋازلىق ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى غالجىرلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، قىلچە ئاساسسىز گەپ ئويدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەز بىلەن ھۇجۇم قىلدى. كۆپ يىل پارتىيە تەربىيەسىنى ئالغان پارتىيەلىك ئۇيغۇر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پومپېئونىڭ قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتى دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇل ئەسلىھەلەر زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئاقسۇ ۋوگزالىنىڭ يېڭى پويىز كۈتۈش بىناسى، ئاقسۇ ئايرودرومى T2 ئاۋىياتسىيە بىناسى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىمالىي تاشقى ئايلانما يولى، توقۇمىچىلىق چوڭ كۆۋرۈكى، خۇانېڭ يامانسۇ چوڭ تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، كۇچا ـ ئاقسۇ يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش لىنىيەسى قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈرلەر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شەھەر ـ يېزىلار داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن تولۇق قاپلىنىپ، «يېنىك كېسەللەر يېزىدىن چىقماسلىق، ئېغىر كېسەللەر ناھىيەدىن چىقماسلىق» ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، كېسەك ئۆيلەر ئەمىن ئۆيلەرگە ئۆزگەردى، پىكاپ ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ئورنىنى ئالدى، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى يېڭى يېزىلارغا كىردى، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن تولۇق... كۆپچىلىكنىڭ بېيىش يولى كۆپەيدى، ھەمىيىنى تومپايدى، قەلبى شادلاندى، تۇرمۇشى بارغانسېرى بەختكە تولدى. تېلېۋىزور، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ، كومپيۇتېر، ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئاپتوموبىل قاتارلىقلار ئائىلىلەرنىڭ ئۆلچەملىك سەپلىمىسىگە ئايلاندى، بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ، پار بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرى، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا ۋە پاكىز يېقىلغۇ ئاللىبۇرۇن ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە كىرىپ بولدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، پۇل تاپالايدىغان بولدى، قەلبى ئۈمىدكە تولدى. پۇقرالار دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر جۈملە سۆز شۇكى، جاھان قانچە چوڭ بولسىمۇ پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە يەتمەيدۇ.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادالەت كىشىلەر قەلبىدە. شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىتا، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، پومپېئودىن ئىبارەت بۇ «سىياسىي زەھەرلىك ئۆسمە»نىڭ كەلسە ـ كەلمەس ئارىلىشىشى ھاجەتسىز. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا پومپېئونىڭ قارا چاپلىشىغا يول قويمايمىز

□ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ئابدۇۋەلى ئابلەت

پومپېئو ئوبيېكتىپ پاكىتنى كۆزگە ئىلماي، قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇرمىلاپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قارا چاپلىدى، بۇ، پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپ، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ بەختلىك ـ بەختلىك ئەمەسلىكىدە، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار، تەسىراتى ئەڭ چوڭقۇر. مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش كەچۈرمىشىمدىن قارىغاندا، مەن ئىچكىرى رايونلاردا داشۆدە ئوقۇغان باشقا ئاز سانلىق مىللەت يولداشلارغا ئوخشاش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، مەن بېيجىڭغا بېرىپ داشۆدە ئوقۇپ، ئەڭ ياخشى مائارىپ، ئەڭ ياخشى مۇھىتتىن بەھرىمەن بولدۇم، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىن ئەزەلدىن ئازراقمۇ ئەندىشە قىلىپ باقمىدىم، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلدىم. داشۆنى پۈتكۈزۈپ يۇرتۇمغا قايتىپ خىزمەتكە قاتناشتىم، مەن يۇرتۇمدا يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بورتالا ئوبلاستىدا شەھەر ـ يېزىلارنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى، بورتالا شەھىرى ئىلگىرىكى چېگرادىكى كىچىك شەھەردىن تەرەققىي قىلىپ قاتناش تەرەققىي قىلغان، ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن، سۈيى سۈزۈك، دەرەخلىرى يېشىل، مۇھىتى گۈزەل، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغان ئېكولوگىيەلىك شەھەر، بەختلىك شەھەرگە ئايلاندى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بورتالا ئوبلاستىدا ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى بارغانسېرى كۆپىيىپ، پويىزلارنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ، پويىز قېتىم سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە قولايلىق يارىتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قىياپىتىمۇ يېپيېڭى تۈسكە كىردى، بارلىق كەنتلەرگە يول تۇتاشتۇرۇلدى، سۇ يەتكۈزۈلدى، توك يەتكۈزۈلدى، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئاددىي كېسەك ئۆيلەردىن يورۇق، ئازادە ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى.

مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۈنۈملۈك قوغدالدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. ھەر قېتىملىق بايرامدا، ھەر مىللەت ئامما مەشرەپ، جاڭغىر، ئايتىس قاتارلىق مىللىي خاسلىققا ئىگە نومۇرلار ئارقىلىق بايرامنى تەبرىكلەيدۇ. مەدەنىيەت سارىيى، كۇتۇپخانا، مۇزېي، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى جەمئىيەتكە ھەقسىز ئېچىۋېتىلدى، ھەممە ئائىلىگە رادىيو ـ تېلېۋىزىيەنى يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، دېھقانلار كىتاب ئوقۇش ئۆيى ھەممە كەنتنى قاپلىدى؛ يېڭىچە، كۆپ خىل شەكىلدىكى چېنىقىش ئۈسكۈنىلىرى چەت، يىراق كەنتلەردە ئومۇملاشتى، مول، قىزىقارلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ۋە چېنىقىش پائالىيەتلىرى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئۈنۈملۈك قوغدالدى، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان تۈرلۈك مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بارغانسېرى بېيىدى، ھەرمىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بۇ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى پومپېئونىڭ بىرنەچچە ئېغىز يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى قانداقمۇ يوققا چىقىرالىسۇن؟

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. پومپېئونىڭ بۇ خىل قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىشتەك رەزىل قىلمىشىدىن بىز قاتتىق يىرگىنىمىز، ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايمىز. بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا پومپېئونىڭ قارا چاپلىشىغا يول قويمايمىز.

# شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ

□ تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئۆمەر ئابدۇللا

پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا تۆھمەت قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندىم. مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ۋە بەختلىك تۇرمۇشۇم ئارقىلىق پومپېئونىڭ ئەسىر يالغان ـ ياۋىداق سۆزىنى ئېچىپ تاشلايمەن ھەم پومپېئونى رەسمىي يوسۇندا شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى: بۈگۈنكى كۈندە بىز تارىختىكى ھەرقانداق مەزگىلدىكىدىن تېخىمۇ باياشات، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ بەختلىك ياشاۋاتىمىز!

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىدىن نەپ ئالدىم، مەن داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەدەنىيەت، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، تەنتەربىيە، ساياھەت قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندىم، ئورگاندىكى ئاددىي بىر ئىش بېجىرگۈچىدىن رەھبىرىي كادىر بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش شانلىق مۇساپىسىگە بىۋاسىتە گۇۋاھ بولدۇم، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

تۇرپان شەھرىدە ھازىرغىچە 200دىن ئارتۇق مەدەنىيەت خارابىسى بايقالدى، ئىلگىرى 18 خىلدىن ئارتۇق قەدىمكى يېزىق، 25 خىل تىل كەڭ تارالغان، ئىشلىتىلگەن. قەدىمدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلق بۇ تۇپراقتا ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، ئېچىۋېتىلگەن، سىڭدۈرۈشچان، كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇردى ھەم ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇ يەردە ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، يارغول قەدىمكى شەھىرى، تۇرپان تۇراسىدىن ئىبارەت دۇنيا مەدەنىيەت مىراسىدىن ئۈچى بار بولۇپلا قالماي، يەنە ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى قاتارلىق تارىخىي مەدەنىيەت مەنزىرە رايونلىرى ھەمدە بۇيلۇق، يالقۇنتاغ، كارىز، قۇمتاغ قۇملۇقى قاتارلىق داڭلىق تەبىئىي، ئادەمىيەت مەنزىرە رايونلىرى بار بولۇپ، ساياھەت مەدەنىيەت بايلىقى مول توپلانغان، مەدەنىيەت ـ ساياھەتتىن ھۇزۇرلىنىش خاسلىقى روشەن. بۇ يەردە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىختا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە تومۇرداش بولغان پۇقرالار ئولتۇراق ئۆيى، مەززىلىك تائام، كىيىم ـ كېچەك، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى ھەمدە تۇرپان مۇقامى، نازىركوم، مەشرەپ، خوراز سوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش ھەمدە دوپپىچىلىق، كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق، ئۈجمە قوۋزىقىدىن قەغەز ياساش ھۈنىرى قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بار.

مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!